ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# يۇكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاش، پائال ئاتلىنىش

## —— شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

□ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلىدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش - تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقى، تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىپ، پۇختا خىزمەت تەدبىرى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

### شىنجاڭ داشۆ:
### ئۆگىنىش - تەربىيەنى پۇختا تۇتتى
### نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى

شىنجاڭ داشۆ ئۆگىنىش - تەربىيەنى پۇختا تۇتۇپ، ئۆگىنىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيە ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇردى، بۇرچنى يېتەكلىدى. باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، بىر قەدەم ئالدىن ئۆگىنىش، بىر قاتلام چوڭقۇر ئۆگىنىشنى باش تېما تەربىيەسىدىكى «باشلامچى قەدەم» قىلىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش چوڭقۇر بولۇش، مەخسۇس تېمىلىق ئۆگىنىش كەڭ دائىرىلىك بولۇش، تىپلاردىن ئۆگىنىش قىزغىن بولۇشتا چىڭ تۇردى. يازلىق تەتىل مەزگىلىدە، شىنجاڭ داشۆ پارتكومى ۋە بارلىق باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئالدىن ئۆگىنىپ، ئالدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، باش تېما تەربىيەسى يۈرۈشلۈك ھۆججەتلىرىنى ئۆگەندى، تەتقىق قىلىپ ئوقۇدى، دىققەتنى تۈپ ۋەزىپە ۋە نىشان - تەلەپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسى پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىق قىلدى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭ داشۆدىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار مەركەزلىك ئۆگىنىشنى باشلىدى. شىنجاڭ داشۆ پارتكومىنىڭ شۇجىسى شۇ شيەنبى مۇنداق تونۇشتۇردى: مەركەزلىك ئۆگىنىش مەزگىلىدە، مەكتەپ ئەسلىي تېكىست، ئەسلىي ئەسەرنى چوڭقۇرلاپ ئوقۇش، ئىجتىھات بىلەن ئوقۇش، «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن تاللانمىلار» «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى» ھەمدە پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى قاتارلىقلارنى ئەينەن تولۇق ئوقۇپ چىقىش ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئۆزلەشتۈرۈش، پارتىيەۋىلىك ئېڭىنى كۈچەيتىش، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەركەزلىك كىتاب ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش - مۇھاكىمە قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش، مەسىلىنى بايقاش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش تەلىپى بويىچە، شىنجاڭ داشۆ ئاجىز، چېچىلاڭغۇ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە «قوش باشلامچى» پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى سەپلەش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قانات يايدۇردى. مەكتەپ رەھبەرلىكى باشلامچىلىق بىلەن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، رەتلەپ، تەكشۈرۈپ تېپىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاساس سالدى.

### شىنجاڭ سىفەن داشۆسى:
### ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈردى
### تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇردى

شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ ئىگىلەپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپنى ئىگىلەپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى تۇتۇش جايىدا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچقا زىت مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن ھەل قىلدى.

2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى مەكتەپنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەنە، ئوقۇتۇش، دەرسلىك، باشقۇرۇش سىستېمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن رەتلەپ خۇلاسىلەپ، تەرەققىيات پىكىر يولى ۋە خىزمەت لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مائارىپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلدى. 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى باشلىنىشى بىلەنلا، مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەر ئىچىدىن ئىككىدىن ئۈچكىچە ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى بېكىتىپ قول سېلىپ ھەل قىلىشنى باشلىدى. بۇ يىللىق يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئارشاڭ مەكتەپ رايونىدا ئادەم سانى كۆپىيىپ، مۇنچىنىڭ لايىھەدىكى سىغىمدىن ئېشىپ كېتىش مەسىلىسىگە قارىتا، مەكتەپ پارتكومى تەتقىق قىلىپ، 1 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئەسلىدىكى خوجىلىق مۇلازىمەت بىناسىنىڭ سودا رايونىنى مۇنچىغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇيۇنۇشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلدى. بۇ مەكتەپ پارتكومى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە قارىتا ھېسابات تۇرغۇزۇپ، ئېدىتلاپ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، بىرمۇبىر ھەل قىلىپ، ھەقىقىي تەلتۆكۈس ئۆزگەرتمەكتە، جايىدا ئۆزگەرتمەكتە.

شىنجاڭ سىفەن داشۆسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋۇ ۋېنشۈ مۇنداق بىلدۈردى: مەكتەپ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى مەكتەپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم پۇرسەت قىلىپ، كىرىش نۇقتىسى ۋە بۆسۈش ئېغىزىنى توغرا تېپىپ، شەكىللەنگەن ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى ۋە كۈچلۈك خىزمەت ئۇتۇقىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيەلەش ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان، ۋەتەننى، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ تۆھپە قوشىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئۇنىۋېرسال، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىفەن داشۆ قۇرۇش»تەك مەكتەپ باشقۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچ قوشىدۇ.

### شىنجاڭ تىببىي داشۆسى:
### مەسىلىگە تەتبىقلاپ ئۆگەندى
### مەسىلىگە ئاتلىنىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى رەھبەرلىك بەنزىسى مەركەزلىك ئۆگىنىش قىلدى. باش تېما تەربىيەسى باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى كۈندىلىك كونكرېت ئۆگىنىش پىلانى جەدۋىلىنى تۈزۈپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشى، باش تېمىسى، مەزمۇنى، شەكلى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«بىز ئۆگىنىش داۋامىدا باش تېما تەربىيەسى بىلەن ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپنى بىرلەشتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، تۈزىتىش خىزمىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تاپىمىز» دېدى شىنجاڭ تىببىي داشۆسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى قەيسەر ئابدۇكېرىم. نۆۋەتتە، مەكتەپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، «ئۆچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتى، داۋالاش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان كەمتۈكلۈك، مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، سەككىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىپ، باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا مەكتەپنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىشتا تىرىشىپ يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى يارقىن نۇقتا، يېڭى سۈپەتلىك ماركا شەكىللەندۈردى.

شىنجاڭ تىببىي داشۆسى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئورگانىك بىرلەشتۈردى، باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈردى. شۆبىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈش، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈش، كىلىنىكىلىق بۆلۈم - ئىشخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈش، تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئالاقە باغلىغان كەنتلەرگە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئالاقە نۇقتىلىرىغا ۋە تۇغقانلاشقان ئائىلىلەرگە بېرىپ نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ھەقىقىي تۈردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتىكى كونكرېت تەدبىرگە، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن، نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

# يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **يۈ يەنيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن، نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش» سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇساپىلەر، ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر خۇلاسىلىنىپ، تەشۋىق قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئىجابىي تەشۋىقاتنى سىجىل كۈچەيتىشىگە تۈرتكە بولۇنۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ مۇجەسسەملەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن سۆھبەت يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىدى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى، ئىقتىساد گۈللەنگەن، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت نامايان بولدى. بىز «كومپارتىيە ياخشى» «ئۇلۇغ ۋەتەن ياخشى» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ياخشى» «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ياخشى» دېگەننى زور كۈچ بىلەن ياڭرىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئۈزۈلۈكسىز تۈردە «تۆت ئاڭ» «تۆت ئىشەنچ» «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، «گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچ توپلىشىمىز كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىش، شەرھلەشنى ئاڭلىق ھالدا باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 12 - يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى قاراپ چىقىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمە لايىھەسى)» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نىزامى (لايىھەسى)»نىڭ ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2018 - يىللىق مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشىدە قايتما ئىنكاس قىلىنغان قىزىلما بايلىقلارنى قوغداش بويىچە تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات، 2019 - يىللىق تيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى رېۋىزىيە ۋە ئەدلىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتچىلىكى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ۋاڭ يۈمىڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قادىربېك قامزا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايون، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرى ئەستايىدىل ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ 1 - تۈركۈمنى خۇلاسىلەش ھەم 2 - تۈركۈمنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 1 - تۈركۈمدىكى ئورۇنلارنىڭ باش تېما تەربىيەسى نەتىجىسى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى مەخسۇس تېمىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى ياخشى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي تەلىپى، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشنىڭ كونكرېت تەدبىرى، پۇتكۈل باش تېما تەربىيەسىدە ياخشى نەتىجە ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي، كەسكىن، كەم - كوتىسىز، ئىزچىل ياخشى تۇتۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى زىچ چۆرىدەپ، كۈندىلىك ئۆگىنىشكە يۈزلىنىپ، ئاڭلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىشنىڭ، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، پۇختا بولۇشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل ياخشى تۇتۇش باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي تەلىپى، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنىڭ كۈچلۈك - كۈچلۈك ئەمەلىيلىكنى سىناشنىڭ «سىناق تېشى». دىققەتنى تۈزىتىشكە مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىككە يەنىمۇ كۈچ قوشۇش، سېلىشتۇرۇش، تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇپ، مەركەز ئورۇنلاشتۇرما قىلغان سەككىز جەھەتتىكى مەخسۇس تۈزەشنى ئەستايىدىل، ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولماسلىق، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولماسلىق مەسىلىسىنى تۈزەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى تۈزەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. دەل جايىدا تۈزىتىش، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ تۈزىتىش، ئۇزاق ئۈنۈملۈك تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۈنۈمنى قايتا سۈرۈشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تۈزىتىشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: «ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش» پىسخىك ھالىتىنى قەتئىي تۈسۈپ، مەسئۇلىيەتنى بوشاشتۇرماسلىق، غەيرەتنى كېمەيتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، قاتتىق، ئەمەلىي بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جى جېڭ، ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى.